封面设计 阿不都热合曼·阿不力孜

新疆维吾尔自治区教育科学《十五》规划项目

ئۇيغۇر ناخشىلىرىدىن تاللانمىلار

ISBN 978-7-5370-6603-7
9 787537 066037 >
定价：32.00 元

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مائارىپ ئىلمى «10 - بەش يىللىق» پىلان تۈرى

ئۇيغۇر ناخشىلىرىدىن تاللانمىلار

维吾尔声乐作品选

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

复　　审：麦苏提·哈力提
责任编辑：米尔扎·代先坎
责任校对：麦苏提·哈力提
　　　　　米尔扎·代先坎

مۇھەررىرى : مەسئۇت خالىت
مەسئۇل مۇھەررىرى : مىرزا دۆيشېكە
مەسئۇل كوررېكتورى : مەسئۇت خالىت
مىرزا دۆيشېكە

图书在版编目（CIP）数据

维吾尔声乐作品选/赛雅拉·阿巴索娃编. —乌鲁木齐：新疆教育出版社，2007.8

ISBN 978-7-5370-6603-7

Ⅰ. 维… Ⅱ. 赛… Ⅲ. 维吾尔族—歌曲—选集—中国
Ⅳ. J642.211.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2007）第 137259 号

维吾尔声乐作品选
编者：赛雅拉·阿巴索娃
新疆维吾尔自治区教育科学《十五》规划项目
（维吾尔文）
*
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما چەكلىك شىركىتى باستى
*
فورماتى : 1194×890 ، 1/16 ؛ باسما تاۋىقى : 21.75
2007 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 3000 — 1
ISBN978 7 — 5370 — 6603 — 7（维文）
باھاسى : 32.00 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە ، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ .
بېسىش-تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ .

ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 830049 ؛ تېلېفون : 2852124 — (0991)

كىرىش سۆز

1. «ئۇيغۇر ناخشىلىرىدىن تاللانمىلار» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «تاللانمىلار» دېيىلىدۇ) ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپ ئىلمى بويىچە «10 ـ بەش يىللىق» پىلانىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن كىتاب. ئۇنىڭغا 40 پارچە ئەسەر تۈزگۈچىنىڭ 30 نەچچە يىل ناخشىچىلىق، 10 نەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا توپلىغان، تاللىغان، پىششىقلىغان، شۇنداقلا ھەر تۈرلۈك ئاۋازلارنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق، ئۇسلۇبى ھەرخىل ناخشىلار كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 10 ناخشا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىن، 11 ناخشا خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇيغۇر ئوپېرالىرىدىن، 19 ناخشا دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىل مابەينىدە ئىجاد قىلىنغان مۇنەۋۋەر بەدىئىي ناخشىلاردىن تاللاپ چىقىلدى. «تاللانمىلار»غا يەنە ئەمدىلەتىن ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ناخشىلارمۇ كىرگۈزۈلدى. بۇ ناخشىلارنىڭ ناھايىتى ياخشى ئوقۇتۇش ۋە ئورۇنلاش ئۈنۈمىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئەمەلىيەت تەرىپىدىنمۇ ئىسپاتلاندى.

2. «تاللانمىلار»دىكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىن ئېلىنغان ناخشىلارغا ئورۇنلاش ئۇسلۇبىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ۋە ئېھتىياجى تۈپەيلى پىئانىنو تەڭكەش نوتىسى بېرىلمىدى. قالغان 30 ئەسەرگە ئوقۇتۇشنىڭ ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلۇپ پىئانىنو تەڭكەش نوتىسى بېرىلدى.

3. «تاللانمىلار»غا ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر ناخشىلىرى ئاساسەن كىرگۈزۈلمىدى. بەزى ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان جايلىرىنىڭ بارلىقى نەزەرگە ئېلىندى.

4. «تاللانمىلار»دا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقى تەڭ قوللىنىلدى. بۇ خىل نەشر ئۇسۇلى مىللىي ناخشىلارغا تېخىمۇ رەڭدار تۈس بېرىش، مىللىي ناخشىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، ھەر مىللەت ناخشىچىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈنمۇ قولايلىق. بولۇپمۇ ناخشىچىلىرىمىز نوتا ئاستىغا شېئىرى بېرىلگەن ئون ئىككى مۇقام ناخشىلىرىنى تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ ۋە ئۆگىنەلەيدۇ.

5. ئۆگىنىشكە قولايلىق بولۇش ۋە ئۈنۈملۈك ماتېرىياللىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بەزى ناخشىلىرى قايتىدىن نوتىغا ئېلىنىپ تېكىست سېلىندى.

6. سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولغانلىقى تۈپەيلى، ناخشىلارنى تاللاش، توپلاش ۋە پىششىقلاش جەريانىدا بەزى يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەممىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ «تاللانمىلار»نى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش جەريانىدا ماڭا ياردەم بەرگەن ئورۇنلارغا، يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

تۈزگۈچىدىن
2007 ـ يىل، ئىيۇن

前　言

一、《维吾尔声乐作品选》(以下简称《作品选》)是新疆维吾尔自治区教育科学“十五”规划课题《在高校音乐教育中如何弘扬地方民族传统音乐研究》项目2004年[03190]、新疆艺术学院科研项目。

二、本《作品选》所选四十首曲目是编者演唱三十余年、教学十余年来积累、筛选、提炼出来的、有益于各类声音发展的、风格各异的歌曲。其中十首为十二木卡姆选曲，十一首为民歌和歌剧选曲，十九首为建国五十周年以来所创作的优秀的艺术歌曲。实践证明这些曲目具有很好的教学和演出效果。其中有个别作品是初次发表。

三、本《作品选》中，除了十二木卡姆选曲因为演唱风格的需要而没有配钢琴伴奏以外，其余三十首全部配上钢琴伴奏，以满足教学工作的需要。

四、本《作品选》的曲目尽量避免同原先出版的各类维吾尔声乐作品曲目重复，如个别曲目曾经被出版，本作品亦存在与其不同之处。

五、本《作品选》配有维吾尔语、汉语两种语言文字，它的出版不但能够进一步丰富民族声乐教材，为民族声乐事业的发展起到促进作用，而且可以供各民族声乐工作者所使用。尤其是将歌词直接附在歌谱下的十二木卡姆选曲则更加容易被接受和学唱。

六、为方便学习起见，有些十二木卡姆选曲被重新记谱配唱，以求同音像资料相匹配。为了便于教学，十二木卡姆选曲的记普力求简单明了，易于学唱，前奏，间奏略有删减。在记谱过程中，连线以维吾尔语为依据。

七、由于水平有限，难免有误，敬请批评指正。

最后向所有为本《作品选》的编辑出版工作提供各类帮助与支持的词、曲作家，翻译家及工作人员表示诚挚的感谢！

编者
2007年6月

مۇندەرىجە

راك مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى 1
ئۆزھال مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى 6
ناۋا مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى 10
ئەجەم مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى 16
سىگاھ مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى 22
راك مۇقامىنىڭ تۆتىنچى داستانى 27
ناۋا مۇقامىنىڭ بىرىنچى داستانى 32
ناۋا مۇقامىنىڭ ئىككىنچى داستانى 38
چەببايات مۇقامىنىڭ جۇلاسى 43
ئەجەم مۇقامىنىڭ جۇلا، سەنەم ۋە چوڭ سەلىقىسى 48
كوممۇنىستلارنى مۇشەققەت قورقۇتالماس ھېچقاچان 53
ئادەم بولسام مەن چوقۇم شۇنداق ئادەم بولىمەن 58
قۇرۇتماستىن چىل بۆرىنى جەڭدىن ھەرگىز قايتمايمىز 67
كېتەر بولدۇم 76
باغلار ئارا 82
ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ 91
گۇلمەرەم 102
قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم 112
گۆھەر زېمىن 117
قۇرغۇيۇم 130
مىزانگۇل 140
ئازاد زامان 151

كۆيلگەنگە تۆگمەس ماۋجۇشىنىڭ شەپقىتى 158
تيانشان قارىغايلىرىنىڭ يىلتىزى بىر تۇتاش 169
ئامرىقىم 179
سالام دەڭلار 189
ئورمان ناخشىسى 196
گۈزەل دولان دەرياسى 204
گۈزەل شىنجاڭ 212
راۋابىمنىڭ ساداسى 223
دېھقان شاتلىقى 228
سۆيگۈ رىشتىسى 239
ئەڭ گۈزىلى بىزنىڭ شىنجاڭ 247
تال باراڭ 256
جان ئانا 266
يولۇڭغا قاراپ 275
قارلىغاچ 289
ئاق بۇلۇت 303
يوشۇرمىغىن سىرىڭنى 316
ئاق قار گۈلى 326

目 录

拉克木卡姆的序歌——我的萨塔尔琴 1
乌孜哈勒木卡姆的序歌——我被折磨的生命 6
纳瓦木卡姆的序歌——麦吉侬也不像我 10
艾且姆木卡姆的序歌——我见到了一位绝美的女郎 16
斯尕木卡姆的序歌——你用爱情的火焰来医治我的悲伤 22
拉克木卡姆的第四达斯坦——勾魂的黑眼睛 27
纳瓦木卡姆的第一达斯坦——不幸的命运 32
纳瓦木卡姆的第二达斯坦——你是可怜的夜莺 38
且比巴亚特木卡姆的朱拉——啊，美人！我一见你 43
艾介姆木卡姆的朱拉、赛乃姆、大赛勒克 48
天下事难不倒共产党员 53
做人要做这样的人 58
打不尽豺狼决不下战场 67
离别 76
在花园中 82
你的天上有没有月亮 91
古丽麦热穆 102
乌黑的眼睛 112
玉石宝地 117
雀莺 130
米赞古丽 140
解放了的时代 151

毛主席的恩情唱不完 …………………………………………… 158
天山青松根连根 ………………………………………………… 169
我的情人 ………………………………………………………… 179
我的问候 ………………………………………………………… 189
森林之歌 ………………………………………………………… 196
美丽的多浪河 …………………………………………………… 204
美丽的新疆 ……………………………………………………… 212
我的琴声 ………………………………………………………… 223
农民之乐 ………………………………………………………… 228
爱情的旋律 ……………………………………………………… 239
最美的还是我们新疆 …………………………………………… 247
凉亭 ……………………………………………………………… 256
亲爱的母亲 ……………………………………………………… 266
望眼欲穿 ………………………………………………………… 275
燕子 ……………………………………………………………… 289
白云 ……………………………………………………………… 303
一封情书 ………………………………………………………… 316
白雪莲花 ………………………………………………………… 326

راك مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى
拉克木卡姆的序歌——我的萨塔尔琴

麦西热甫　词　　　　مەشرەب شېئىرى
赛雅拉・阿巴索娃　记谱配歌　　　　نوتىغا ئېلىپ تېكىست سالغۇچى سەييارە ئاباسوۋا




投入 于 木卡姆 使之索回于 心
若眈 于 爱的 憧憬 哎
即弹 奏于 伊人 尊前。
皆曰木卡 姆
发轫于 《胡 赛尼》、
《艾且姆》,
我却愿弹 奏《巴亚 特》, 因其 更悠扬婉 转。


为感念 真 主 我连续演奏《巴雅特》,
哎 为抚 慰 伤 心之 人
将《纳瓦》速弹。 哇 依 我以《拉克》推向高潮,
时而间 哎 伴以《乌夏 克》,
我愿把《木夏吾莱克》《潘吉嘎》 哎
日夜 轻弹。 《依 拉 克》
《且比巴 亚特》、 《乌孜哈勒》



سىتارىم تارىغە جان رىشتەسىدىن تار ئېشىپ سالسام ،
ئانىڭكىم نالەسىدىن بىنەۋانىڭ كۆڭلىنى ئالسام .
مەقام ئالىپ مەقام ئىچرە مەقامنى دىلغە جا قىلسام ،
مۇھەببەت كويىغە سالسە ئانىڭ ئالدىدا مەن چالسام .
مەقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينىيۇ ، ئەجەم دەرلەر ،
بۇلاردىن يۇقارىكىم پەردەئى باياتىنى چالسام .
بەيادى ھەق تەئالا يادىدا چالسام پەيا - پەيكىم ،
كۆڭۈللەر بىنەۋا بولغانىنى بىلسەم نەۋا چالسام .
ئارالاپ چالسام ئۇششاقنى ، غەزەلنى راكغە يەتكۈزسەم ،
شەبىستانۇ سەھەرلەردە مۇشاۋرەك ، پەنجىگاھ چالسام .
ئىراقۇ چەببايات ئۆزھالدا فەيزىكىم يېتەر بولسا ،
تىلەپ خۇرشىدى ۋەسلىن سۇبھى دەمدە چارىگاھ چالسام .
يېتىپ ۋەسلىگە ھىممەتنىڭ جۇدالىق تاغىدىن ئۆتسەم ،
ئىچىپ ۋەسلىنىڭ شەرابىدىن قىلىپ تەڭكەش سىگاھ چالسام .
كەل ، ئەي مەشرەب ، قەدەھ سۇنغىل بۇلايىن مەستۇ مۇستەغرەق ،
بىر ئېلكىمگە سىتايۇ ، بىر ئېلكىمگە جامى مەي ئالسام .

ئۈزھال مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى

乌孜哈勒木卡姆的序歌——我被折磨的生命

纳瓦依　词　　　　　　　　　　　　　　　　　　نەۋائى شېئىرى
赛雅拉·阿巴索娃　记谱配歌　　　　نوتىغا ئېلىپ تېكىست سالغۇچى سەييارە ئاباسوۋا









جۇنۇن ۋادىسىغە مايىل كۆرەرمەن جانى زارىمنى ،
تىلەرمەن بىر يولى بۇزماق بۇزۇلغان روزگارىمنى .
فەلەك بىدادىدىن گەرچە مەنى خاكى غۇبار ئولدۇم ،
تىلەرمەن تاپماغايلار تۇتىيالىققە غۇبارىمنى .
شەك ئىرمەس پەرتەۋى تۇشكەچ ئۆيى ھەم ، رەختى ھەم كۆيمەك ،
چۇ گورىستان گەدايى سەزمەگەي شەمئى مەزارىمنى .
دىمەڭ قاي سارى ئەزىم ئەتكۇڭ ، ماڭا يوق ئىختىيار ، ئاخىر ،
قەزا ئىلكىگە بەرمىشمەن ئىنانى ئىختىيارىمنى .
تۇگەدى ئەشكى گۇلگۇن ، ئەمدى قالمىش زەئفەرانى يۇز ،
فەلەك زۇلمى بەدەل قىلدى خەزان بىرلە بەھارىمنى .
دىيارىم ئەھلى بىرلە ياردىن باشىمغە يۇز مىھنەت ،
نې تاڭ باشىم ئالىپ كەتسەم ، قويۇپ يارۇ دىيارىمنى .

ناۋا مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى

纳瓦木卡姆的序歌——麦吉依也不像我

纳瓦依 词 | نەۋائى شېئىرى
新疆人民出版社版本谱 | نوتىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر 12 مۇقامى»دىن ئېلىنىدى
赛雅拉·阿巴索娃 配歌 | نوتىغا تېكىست سالغۇچى سەيياره ئاباسوۋا






赢弱困顿 令我不安， 孤独无援
倍受凌辱 的心，倍受凌 辱的心，已被离愁之剑
刺穿。 啊 悲哀使苍天愁眉不展，
啊， 血泪令大地殷红一 片，
我痛苦的烈火炽燃 不熄， 谁来体帖 我
经受的苦 难？


忧愁之石 击破头颅， 离愁之 箭 射穿身躯
踏破铁鞋也觅不到，
啊， 治我心灵 创伤的妙药灵丹。
身躯 已 似 弓弯，
辛酸的泪 水 噙满双眼 有谁同情我的苦

بەلا دەشتى ئارا مەجنۇن مىنىڭدەك كۆرمەمىش دەۋران ،
قويۇندەك ھەر زەمان بىر كۆرمەگەن ۋادىدا سەرگەردان .

نى ئەندۇھۇ مەلالىمغە بەلىيەت دەشتىدەك غايەت ،
نى سەۋدا ۋۇ جۇنۇنۇمغە مەلامەت بەھرىدەك پايان .

تونۇم دەيجۇر ، ئۆزۈم رەنجۇر ،. ئىچىم غەمناكۇ باغرىم چاك ،
تىلىم لالۇ تەنىم بىھال ، ئىشىم ئەفغان ، سىرىشكىم قان .

زەئىفۇ دەردۇ غەم پىشە ، نەھىفۇ مىھنەت ئەندىشە ،
زەلىلۇ بىسەرۇ سامان ، قەتىلى خەنجەرى ھىجران .

فىغانىمدىن فەلەك غەمكىن ، سىرىشكىمدىن جەھان رەڭگىن ،
نى دەردىم ئوتىغە تەسكىن ، نى ھەجرىم دەردىغە دەرمان .

باشىم غەم تاشىدىن پارە ، تەنىم ھەجر ئوقىدىن يارە ،
كۆڭۈل بۇ يارەغە چارە تاپارغە تاپمايىن ئىمكان .

كۆزۈم نەملىق ، بويۇم خەملىق ، ئىچىم ئەندۇھى ماتەملىق ،
نى ھەمدەملىق ، نى مەھرەملىق تاپىپ بۇ مىھنەتى پىنھان .

ھەم ئەھۋالى تەباھىمدىن ھەم ئاھى سۇبھىگاھىمدىن ،
ھەم ئوتلۇغ دۇدى ئاھىمدىن قارارىپ كۇلبەئى ئەھزان .

نەۋائى بولسە مىھنەت كۆپ ، ئىچە كۆر جامى ئىشرەت كۆپ ،
نىچە بولسە سەئۇبەت كۆپ بولۇر ۋەھدەت مەيى ئاسان .

ئەجەم مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى

艾且姆木卡姆的序歌——我见到了一位绝美的女郎

毛拉比拉勒　词　　　　ئايازى شېئىرى
赛雅拉·阿巴索娃　记谱配歌　　　　نوتىغا ئېلىپ تېكىست سالغۇچى سەييارە ئاباباسوۋا






14
中
烈火点 燃，
15
又是 震惊 又是 高 兴，
使 我 几 乎
16
使我 几 乎
完全
昏 迷。
17
害 得我
好端端的人 啊 自那日起
常常如呆似
18
痴，
害 得我
好端端的人 啊 自那 日 起
19
常常 如 呆似 痴，
周围的 男 女
20
老少
都问我，
都 问我：


21
你是怎
么
搞 得！
22
心 中 的
情 火
烧得我
23
神 魂 颠倒，
烧得我
神魂 颠倒，
24
别 的 美 女，
哪 一 个
还能 合 乎
25
我 心意， 哪 一个
合乎 我 心 意！
26
少 女们
个 个 如星 星，
27
唯有她
才 是
红太 阳；
少

جەھاندا گەرچە بولغاي كۆپ شەھى خەيلۇ ھەشەم پەيدا ،
ۋەلي بولغايمۇ سەندەك خۇسرەۋى ساھىب كەرەم پەيدا .

سەلامەت بولكى ، تاپسۇن دەۋلەتىڭدە خەلق ئاسايىش ،
كى ساھىب دەۋلەتى سەندەك بولۇر ئالەمدە كەم پەيدا .

ۋەفاۋۇ مىھر قانۇنىنى ئانداق تۈزكى ، دەۋرۇڭدە ،
نەشاتۇ ئەيش بولسۇن ، بولماسۇن ئەندۇھى غەم پەيدا .

چېكىپ خۇنابەلەر ھاسىل قىلىپمەن داغى ئىشقىڭنى ،
گەدا قىلغان كەبى خۇنى جىگەر بىرلە دىرەم پەيدا .

قۇياش يەڭلىغ يۈزۈڭگە ، ۋەھ ، نېچۈك مەن تىك باقاي ، جانا ،
ياڭى ئايدەك قاشىڭدىن قامەتىمغە بولدى خەم پەيدا .

قەدىڭۇ زۇلفۇ ئاغزىڭ ھەرفىدىن ھەرلەھزە دەم ئۇرسام ،
بولۇر جانۇ تەنۇ كۆڭلۈمگە ھەر ياندىن ئەلەم پەيدا .

يېتىپ كەلسەڭ ئايازى باشىغە سىھھەت [يار] ئولماسمۇ ،
تىرىلمەككە ، ئۆلۈك بولسە ، مەسىھى رۇھى دەم پەيدا .

سىگاھ مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى

斯尕木卡姆的序歌——你用爱情的火焰来医治我的悲伤

麦西热甫　词　　　　　　　　　　　　　نەۋائى شېئىرى
赛雅拉·阿巴索娃　记谱配歌　　نوتىغا ئېلىپ تېكىست سالغۇچى سەييارە ئاباسوۋا






去， 我会 叫好鼓掌。 我 在离别的 痛苦中 挣 扎
我的心已 碎成片 片 脸色变 成 枯黄麦 草 泪 水如注
心儿 惆怅。
你 让我在 红 尘中，
你 让我在 红 尘中 横 遭
这无数苦 难 浩劫， 你
让我 在 红 尘中 你 让我 在


红尘中 横 遭 这无数 苦 难浩 劫，
你若是 末日判 官， 你若 是 末日 判官，
证人就是那悲恸哀 伤 证人就 是 那 悲恸 哀伤。
那 苏 菲 欲将世界 世 界的殊 荣 占为己有
痴迷 的情人却只 求 把唏嘘 的
爱火 珍藏。 无 论天堂的 仙女 还是花丛中的百
灵， 都 哭哭泣泣 穿 游人 间 把 那心上人儿

ئەمەس خىلۋەت نىشىنلەرغە تەماشايى چەمەن ھاجەت ،
چۈنانچە بولماغاي ئەھلى فەناغە ئەنجۈمەن ھاجەت .

گىرىفتارى قەدى رەئنايى گۈلگۈن پۈشمەن ، ۋەھ - ۋەھ ،
كۆڭۈلدە قالمادى بەرگى گۈلى سەرۋى سۇمەن ھاجەت .

بەلا دەشتىدەكى ئەۋۋارەلەرنىڭ ھالىنى سورماڭ ،
كى ئاندا نې گۈلۈ ، نې بۇلبۇلۇ ، نې كۆھكەن ھاجەت .

سەھەر ۋەقتى سەبا يەتكۈزدى زۇلفۇڭ تارىدىن بۇيى ،
مۇئەتتەر ئولدى ئالەم ، بولمادى مۇشكى خوتەن ھاجەت .

سوئال ئەيلەپدۇرۇركى يىغلاماقدىن نې غەرەز ئاخىر ،
دېدىلەر مۇستەفا ، دوستۇم ، ماڭا ۋەيسى قىرەن ھاجەت .

زىلەيخا گۈلشەنىن قىلدى سەمۇمى ئىشقى خاكىستەر ،
بۇ يەڭلىغ دېمەكىم ئول يۇسۇفى گۈل پىرەھەن ھاجەت .

بۇ مۇشتى ئۇستىخانىمنى ئانىڭ كويىغە تاشلاڭلار ،
شەھىدى ئىشقىغە تابۇت ، نې گورۇ ، نې كەفەن ھاجەت .

رەفىقا ، بىسەرۇپالارنى سەن ئاغرىتماغىل زىنھار ،
ھەبىب ئىشكىگە بارغاندا نې سەن ھاجەت ، نې مەن ھاجەت .

نەۋائى ، يارنىڭ ئاستانەسىنىڭ تۇفراغى بولدۇڭ ،
ساڭا ئەندى نې سەھراۋۇ ، نې شەھرۇ ، نې ۋەتەن ھاجەت .

راك مۇقامىنىڭ تۆتىنچى داستانى

拉克木卡姆的第四达斯坦——勾魂的黑眼睛

词自民间长诗《艾里普与赛乃姆》
谱自新疆人民出版社版本

赛雅拉·阿巴索娃 整理配歌

شېئىرى «غېرىب - سەنەم» داستانىدىن ئېلىندى
نوتىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان
«ئۇيغۇر 12 مۇقامى»دىن ئېلىندى
نوتىغا تېكىست سالغۇچى سەييارە ئاباسوۋا




摄魄 的黑 眼睛 天 仙。
我在泉眼
边 把他 遇 见，
他正用 金梳 梳理 着
发 辨。 我向谁去 诉 说 这相思的
苦 楚， 相思 的 苦 楚， 让我心尖
滴血 的黑 眼睛 天 仙。


天堂的女神
无法 与她 相 比 耶，
见到她 的人
无 不 惊 叹； 见到她 的人
无 不 惊 叹； 相 遇的 那瞬 间
她向我 施了礼， 向我 施了礼，
啊 这勾魂 摄魄 的黑 眼睛 天 仙。



ئەي يارانلار ، دىيار بەكرى شەھرىدە ،
ئەقلىم ئالدى قارا كۆزلۈك بىر پەرى .
سالام قىلدى ئىككى قولى كۆكسىدە ،
ئەقلىم ئالدى قارا كۆزلۈك بىر پەرى .

ھۆرلار ئانچە بولماس جەننەت ئىچىندە ،
كۆرگەن كىشى قالۇر ھەسرەت ئىچىندە .
تەئزىم قىلدى دىدار فۇرسەت ئىچىندە ،
ئەقلىم ئالدى قارا كۆزلۈك بىر پەرى .

چەشمىنىڭ لەبىدە كۆردۈم مەن ئانى ،
تىللا تارغاقىدە تارار ساچىنى .
كىمگە ئايتاي ، كىمگە يىغلاي دەردىنى ،
قانىم تۆكتى قارا كۆزلۈك بىر پەرى .

شاھ ئەبباسخان دەر : بۇ جاننى نەيلەيىن ،
ئۆلگۈنچە شول يارنى كۆرۈپ ئۆلەيىن .
ئاشىقلىقنىڭ يولىن ئەمدى بىلەيىن ،
ھەيران قىلدى جادۇ كۆزلۈك بىر پەرى .

ناۋا مۇقامىنىڭ بىرىنچى داستانى
纳瓦木卡姆的第一达斯坦——不幸的命运

词自民间长诗《艾里普与赛乃姆》
新疆人民出版社版本谱

شېئىرى «غېرىب - سەنەم» داستانىدىن ئېلىندى
نوتىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان
«ئۇيغۇر 12 مۇقامى»دىن ئېلىندى

赛雅拉·阿巴索娃 配歌

نوتىغا تېكىست سالغۇچى سەييارە ئاباسوۋا

♩=60 **Moderato Doglioso**






火；
强盗们已谋划好要将我杀
害耶，哎，
啊看来见不到情人耶我就将死
去。
无可奈何地与情人耶
与情人分开耶，


情人啊，在爱情途中我将被掩
埋耶；
像花蕾尚未开
放啊就已枯败耶，啊亚
来，啊看来见不到
情人呐我就将死去。



ياقامنى چاك ئېتىپ ئەيلەسەم فەرياد ،
بۇزۇلسۇن ، يېقىلسۇن بۇ چەرخى ناشاد .
قاراقچىلار قولىدا بولغايمەن بەرباد ،
يار جەمالىن كۆرمەي ئۆلۈر ئوخشايمەن .

غېرىبجاننىڭ پېرى جۇنەيد بەغدادى ،
ئانىڭ ئۈچۈن ساڭا قىلدىم فەريادى .
قاراقچىلار ئىلكىدىن قىلغىل ئازادى ،
يار جەمالىن كۆرمەي ئۆلۈر ئوخشايمەن .

مەن نەيلەيىن نازۇك قولۇم باغلاندى ،
ھەجر ئوتىدا يۈرەك - باغرىم داغلاندى .
قاراقچىلار ئۆلتۈرگەلى چاغلاندى مېنى ،
يار جەمالىن كۆرمەي ئۆلۈر ئوخشايمەن .

بۇ جانىمغە قەسد قىلدى قاراقچى ئافەت ،
مېنىڭ مۇندىن قۇتۇلماغىم يوقتۇر سەلامەت .
گويا بۇ كۈن بولدى ماڭا روزى قىيامەت ،
يار جەمالىن كۆرمەي ئۆلۈر ئوخشايمەن .

ناۋا مۇقامىنىڭ ئىككىنچى داستانى

纳瓦木卡姆的第二达斯坦——你是可怜的夜莺

词自民间长诗《艾里普与赛乃姆》　شېئىرى «غېرىب - سەنەم» داستانىدىن ئېلىندى

赛雅拉·阿巴索娃　记谱配歌　نوتىغا ئېلىپ تېكىست سالغۇچى سەييارە ئاباسوۋا







渴盼，啊我的情人。
灵魂在躯体内水银般
不安震颤，
情人在那里哭泣我在把情人渴盼，
啊我的情人。
旋转的乾坤哪已使我筋疲力尽，



我在离愁的荒漠上
旋风般流浪悲泣，流浪悲泣；
生命从我躯体中
衰竭得将要离去，爱情的癫狂使我
丧失了一切！啊我的情人。
生命从我躯体中
衰竭得将要离去，



بۇلبۇلى بىچارەسەن ، گۇل ئىشقىدا فەرياد قىل ،
ئاشىقى سەرگەشتە بولساڭ ئۇيقۇنى بىدار قىل ،
تىنمايىن شامۇ سەھەرلەر يارنى سەن ياد قىل ،
بۇ بۇزۇلغان دىل ئۆيىنى سەن كېلىپ ئاباد قىل .

ھەر كىشى مۇنداغ بەلالار بىرلە بولسا بىشۇمار ،
قالماغايلار تەندە دەرمان ، زەررە يەڭلىغ ئىختىيار ،
تىترەشۇر روھى سىمابدەك تەندە جانى بىقەرار ،
يار ئۇ يەردە زار يىغلار ، مەن بۇ يەردە ئىنتىزار .

بىر مۇئەللىم سەن زەمانە شۇھرەتىدىن با كەرەم ،
دەرگەھىڭغە باش قويۇپ ، يارىم ۋىسالىن ئىستەرەم ،
مەي ئورنىدا ماڭا ئاغۇ ئىچۈردى دەردۇ غەم ،
تەلمۈرۈپ دائىم گەدادەك يارنى ئىستەر شاھ سەنەم ،
جانىم موللام ، بىر زەمان گۇل يارنى ئازاد قىل .

چەببايات مۇقامىنىڭ جۇلاسى
且比巴亚特木卡姆的朱拉——啊，美人！我一见你

民间 词 | ئۇيغۇر خەلق قوشىقى
赛雅拉·阿巴索娃 记谱配歌 | نوتىغا ئېلىپ تېكىست سالغۇچى سەيىارە ئاباسوۋا




13
哇 依 啊亚 来， 多 斯 古丽亚 来，
15
双 目 闪烁 的 情 人。
17
你的 娇 颜似 明 月， 你 的 秀 目 似 繁 星，
19
你的 秀 目似 繁 星； 你的 话 语多 甜 蜜，
21
好 像 冰 糖 粘 在 嘴 唇。 啊 花儿一 样 的丽 人，
23
啊 目光 似 火 的 美 人， 双 目 闪 烁 的 情 人，
25
你 是 我 的 佳 人， 哇依 哇 依 我的 佳 人。


27
哇 依 啊 亚 来， 多 斯 古 丽 亚 来，
29
双 目 闪烁 的 情 人。
31
月 复 月 啊 年 复 年， 我 的 心 似 火 烧 煎；
33
月 复 月 啊 年 复 年， 我 的 心 似火烧 油 煎；
35
为 见 到 你 月 儿 般 的 脸， 我 焦 急 得 苦 不 待 言。
37
啊 花儿一 样 的 丽 人， 啊 目 光 似 火 的 美 人，
39
双 目 闪 烁 的情 人， 你 是我 的 佳 人，



مەن سېنى كۆرۈپ جانان ،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم .
ئوت ياقتىڭ يۈرەكىمگە ،
ئاشىق بىقارار بولدۇم .
ياھۇ يارەي ـ گۈليارەي ،
قايدا سەندەك گۈل بارەي .
ئاتەش كۆزلۈك جانانىم ،
جانانىمەي ئايارەي .
ئايارەي ، دوست گۈليارەي ،
ئاتەش كۆزلۈك جانانىم .
ئايغا ئوخشايدۇ يۈزۈڭ ،
چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ .
ئوخشايدۇ ناۋات ـ قەنگە ،
شۇ سېنىڭ شېرىن سۆزۈڭ .
ياھۇ يارەي ـ گۈليارەي ،
قايدا سەندەك گۈل بارەي .
ئاتەش كۆزلۈك جانانىم ،
جانانىمەي ئايارەي .
ئايارەي ، دوست گۈليارەي ،
ئاتەش كۆزلۈك جانانىم .

ئاي بولدى ، يىلمۇ بولدى ،
سېنىڭ ئوتۇڭدا كۆيگىلى .
ئىنتىزار بولدۇم ئەجەپ ،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى .

ياھۇ يارەي ـ گۈليارەي ،
قايدا سەندەك گۈل بارەي .
ئاتەش كۆزلۈك جانانىم ،
جانانىمەي ئايارەي .

ئېگىز يەرگە دالان سالسام ،
يارىشىپ قالدى .
چىرايلىقتىن بىر يار تۇتسام ،
تالىشىپ قالدى .
قارلىق تاغدا ياز بولمايدۇ ،
قىش ـ ياز زىمىستان .
كەچمەس كۆڭلۈم كېچەرمىكىن ،
سەندىن ئايرىلسام .
ياھۇ يارەي ـ گۈليارەي ،
قايدا سەندەك گۈل بارەي .
ئاتەش كۆزلۈك جانانىم ،
جانانىمەي ئايارەي .
ئايارەي ، دوست گۈليارەي ،
ئاتەش كۆزلۈك جانانىم .

ئەجەم مۇقامىنىڭ جۇلا ، سەنەم ۋە چوڭ سەلىقىسى

艾介姆木卡姆的朱拉、赛乃姆、大赛勒克

词与谱自中国大百科全书出版社版本

شېئىرى ۋە نوتىسى جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر 12 مۇقامى»دىن ئېلىندى

赛雅拉·阿巴索娃 整理配歌

نوتىغا تېكىست سالغۇچى سەييارە ئاباسوۋا









دەرىخا ، چەرخ جانىمغە ئەجەپ جەۋرۇ جەفا قىلدى ،
غەمۇ ھەسرەت بىلەن ئول يارۇ جانىمدىن جۇدا قىلدى .
خۇدايا ، دوستۇ تۇغقاندىن جۇدا بولغان پەرىشانمەن ،
كى دۇشمەن دەستىدە ھالىم زەبۇنۇ مۇبتەلا قىلدى .

خەيالى ۋەسلىدۇر جانۇ دىلىمدە مۇددەئايى ھەم ،
ئەگەر يەتكۇزسە بىزلەرنى فەلەك بىزگە ۋەفا قىلدى .
ئايا بادى سەبا ، ئايتقىن خەبەر ئول يارى جانىمغە ،
ئەسىرۇ ناتەۋان گۇلشاھ جانىنى فىدا قىلدى .

كۆردۇم يۇزىنى قالدىم بالاغا ،
ئىشقىدا يۇز مىڭ جەبرۇ جاپاغا .
قىينالدى جانىم ، تەڭ بولدى ھالىم ،
ئاھۇ پىغانىم يەتتى ساماغا .
ئەفسۇس نادامەت ، بولدى قىيامەت ،
ئەجەپمۇ كۆيدۇم كۆڭلى قاراغا .
ئەرزىم ئىشتمەس ، ھالىمغا يەتمەس ،
ھەركىم ياماندۇر قويدۇم خۇداغا .

دەرەخ بولسا ئېگىز بولسا ،
ئېگىلمەس بولسا .
ئۇنىڭ كۆپكۇك يوپۇرمىقى ،
تۆكۇلمەس بولسا .

ياخشى ئادەم يامانلارنى ،
دورىماس بولسا .
بىر ياخشىغا بىر ياماننى ،
بۇيرىماس بولسا .

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا ،
قېشىدا تۇرسا .
غىجىم رومال شۇ يارىمنىڭ
بېشىدا تۇرسا .

كوممۇنىستلارنى مۇشەققەت قورقۇتالماس ھېچقاچان

ئۆزلەشتۇرۇلگەن ئۇلگىلىك تىياتىر — ئۇيغۇر ئوپېراسى «قىزىل چىراغ»دىن ئارىيە

天下事难不倒共产党员

移植样板戏—维吾尔歌剧《红灯记》选曲

唐军　配伴奏　　　　پىئانىنو تەڭكەش يازغۇچى تاڭ جۇن